# ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئۆسىتىدە ئويلىغانلىرىم

مۇختەرجان توختى بۇغراخان

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە شانلىق تارىخ ياراتقان، قەدىمىي يىپەك يولىنى تارىمغا تۇغقان ئۇيغۇرلارنىڭ ، جۇملىدىن ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغ باغرى، قاراقۇرۇم تاغ باغرىلىرىنىڭ بىلىيائتقۇسىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ياشاۋاتقان، مەدەنىيەتكە باي بولغان، كۆز-قارىشى كەسكىن، ساپاسى يۇقىرى، تەرەققىي مەدەنىيەتكە بولغان پىسخىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ زامان ، روھىيەت ھەققىدىكى خۇلاسىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر؛ پىسخىكا؛ مەدەنىيەت؛ يىپەك يولى

يېڭى ئەسىر ھالقىغان مەدەنىيەت بوس وغىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۇرىۋاتىمىز. كەينىمىزدە ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىق مۇساپىسى، ئاتلىق مەدەنىيىتىمىزدىكى كۆك تەڭرىقۇت روھى مۇجەسسەملەنگەن «ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى» ۋە «كۆك تۈرك ئۇيغۇر خانلىقى » دەۋرىدىكى نەۋقىران، جۇشقۇن سىماسى، كىگىز ئۆيىدە قالغان ئوغۇز سۈتىنىڭ پۇرىقى، كۆك بۆرىگە ھەمراھ بولغان ئاتنىڭ كىشنىشى، ئۇي ھارۋىسىنىڭ غىچىلدىغان سىرلىق ئاۋازى بىلەن تەكلىماكانغا دۈملەنگەن خامان لىپىنىڭ ئېغىر تورپىسى، تىنىم تاپماي تارىم بويىدا كىشلەۋاتقان سۇلغۇن چىرايىنىڭ سىماسى، ئالدىمىزدا يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى سىناقلىرى، ئالەم ئارا «پلانىتلار ئارا جەڭلەر »، «ئۇچۇر رىقابەت دەۋرىدىكى كومپيۇتېر تېخنىكىسى»، «ئالەم ئارا ياگراپ كېتىۋاتقان ھەرخىل مەدەنىيەت ۋە ھەر خىل تىللار قاچىلانغان تاشقى پلانېتلاردىن ھاياتلىق ئىزدەش ئۇچقۇ » لىرى بىزلەرنى ئېغىر بەدەل تۆلىتىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئەمدى ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆنگەن چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، خامان لىپىنىڭ ئېغىر تورپىسى باسقان بۇ سۇلغۇن چىرايىمىز بىلەن ھازىرقى زامان ئېڭىمىزدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ۋە يايلاقلاردا قالغان توتېم دەۋرىدىكى، مىسكىنلىك باسقان، شامان دىنى ئەھكامىلىقىدىكى «يامان بولىدۇ » دېگەن قاراشتىكى تەرەققىي ئەندىزىمىز، شۇنداقلا روھىيەت جەھەتتىكى تىرىك ۋاقتىمىزدا قەبرە ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى قانداق قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىش زۆرۈرلىكى بىزنى بىر مەيدان ك ەسكىن دەۋىرنىڭ چاقىرىشىغا ۋە زاماننىڭ قاتتىق سىلكىشىگە دەۋەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىنى ئۆزىمىز ئوپېراتسىيە قىلىشتەك، قاتتىق چىرقىرىغان بالىدەك مۆلدۈرلەپ 21- ئەسىرنىڭ ئىلىم-ئېيپان رىقابىتىگە دۇچ كەلتۈرمەكتە...

## 1. يېقىندىن ئېراقتا نەزەر سالساق ۋە ياۋروپا

ئۇيغۇرلانىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق ، 30- يىللاردىكى بوران- چاپقۇنلۇق مەدەنىيەت-ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن بۇيانقى سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە يېقىنقى يىللاردىكى تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغا ئېقىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيەت ئېقىنلىرى، ھەر قايسى قىتئەلەردىكى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى «ئالەم ئۇچقۇلىرى»، «كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر رىقابەت تېخنىكىسى»، ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇجەسسەملەنگەن ئۈچ قىتئە مەدەنىيەتلىرى قاتارلىق بىزنى سەگىتىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتلەر ۋە تېخنىكىلار ئۇشتۇمتۇت باش كۆتۈرۈپ بىزل ەرگە ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇپ تۇرماقتا.

يېڭى ئەسىر ھالقىغان مەدەنىيەت بوس وغىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇ سىناقلارغا بەرداشلىق بىرەلەمدۇق- يوق؟ ئېغىر يوقىتىشلار بەدىلىگە ئېرىشكەن ھازىرقى زامان ئېڭىمىزنى، بەدەن قۇرۇلۇش ساپا يىمىزنى

كونسايىن ئۆزگىرىش ياساۋاتقان 21- ئەسىردىكى ئۇچۇر ر ىقابەت، ئىلىم-پەن مۇجەسسەملەنگەن كومپيۇتېر، تىل، يېزىق ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تەپەككۇر ئەندىزىسىگە بىر كىشىلىك تۆھپە قېتىپ، زامانىۋىي، دەرىجىدىن تاشقىرى زامانىۋىي تەپەككۇر قېتىلىپ كەتمەكتە . بىز بۇ ر ىقابەتكە ماسلىشالامدۇ ق- يوق؟ ئىزدىنىش ۋە رىقابەتكە تولغان 21- ئەسىرنىڭ تۇنجى قەدەم باسقۇچىغا قانداق قەدەم قويىمىز؟ يەنە كونا خامان لايلىيىنى تو ۋلاپ، «زامانىنىڭ ياشلىرى بىز»، «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئۆتەمدۇق؟

بىز نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تالاي يوقۇتۇشلار ئىچىدە ئۆزىم ىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ قانچىلىك ز ۆرۈرلىكىنى، روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى ئۆپىراتسىيە قىلىپ كۆرۈشنىڭ قانداق مۇھىملىقىنى ئەمدىلىكتە چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. چۈنكى بىزدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرق تېرىقچىلىقى بىلەن ئويغانغان، غەربىي ياۋروپادىكى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى بىزدە تامامەن كېيىن شەكىللەنگەن.

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپانىڭ ئويغىنىشىدىن كېيىن ھەل قىلغۇچ تارىخ ى جەرياندا ھەر قايسى مىللەتلەر پار ماشىنىسىنىڭ گۈد ۈكىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرماقتا...

مىللىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى تارىخى روھىيەت چاڭقاقلىقىنى ئىنقىلاپ ئارقىلىق سۇغىرىدىغان بىر جەريان بولدى . ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مىل لىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى س تالىنلاشتۇرۇش سىياسىتى، يېقىنقى چ وقۇنىدىغان ئىجتىمائىي غايىسىدىن ھاسىل بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قەدىم لىك يىپەك يولى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، 80- يىللاردىكى ئىسلاھات دولقۇنىدىن كېيىن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغا چايقىلىپ كىرگەن غەرب مەدەنىي ىتى مىللىتىمىزنىڭ س ۇلغۇن روھىغا يەنە بىر قېتىم چوڭ زەربە بولدى . ئىسلاھات ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن كېيىن (11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن) يىپەك يولى راۋاجلاندى. بىز شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىمىزنىڭ روھىيەت ئەندىزىسىنى ئۆزۈل- كېسىل يېڭىلىغۇدەك ئىمكانىيەتكە زادى ئې ىگە بولالمىدۇق . كۆن ساناپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان دۇنيا ۋەز ىيىتى بىزلەرنى ئارتۇق بەدەل تۆلەشكە قىستاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ىسىنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىيەت ئېنېرگىيى پېتەرسىزلىكى، ھەققىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە يېتىشىش ئۈچۈن بىز پ ۈتكۈل مىللەت سۈپىتى بىلەن ئۆزۈل– كېسىل تەپەككۇر ئىنقىلابىغا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

يەر شارى ئۈچ ۇر تورى شەك ىللەنگەندىن بۇيان بىر كىچىك كەنتنى ئايلاندۇرىۋاتقانلىقى بىز «ئۇيغۇر مىللىتى» گە، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» گە ۋە «كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكا » ساھەسىدىكى بىلىمسىزلىكىمىزگە بىر چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بولدى دەيمىز. مىللەتنىڭ قانچىلىك تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئاڭ سەۋىيىسى، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى سەۋىيىسى ۋە پۇت تىرەپ تۇرالىشى ئۇنىڭ «كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكا» سىدىكى ئانا تىل يېزىقىنىڭ خەلقئارادىكى كومپيۇتېرلاردا ئورۇن ئېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتنىڭ روھى ۋە ئىرادىسى تەرىپ ىدىن بەلگىلىنىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالساق، نەچچە ئەسىرلەردىن شىيىن ئۇيقۇغا كەتكەن غەربلىكلەر سۈت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بىر نەچچە قېتىملىق پەن- تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە بىر نەچچە قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى . ئۇلار ياسىغان پار ماشىنىسى سانائەتلىشىش دەۋرىدە گۈد ۈكىنى تارقىتىپ نۇرغۇن ئەل خەلقلىرىنىڭ ئېڭىدا مەدەنىيەت ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتتى.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تىراگىدىيىسى بىلەن زەئىپلىشىپ كاردىن چىقاي دەپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى، مەدەنىيىتىنى، ئانا تىلىنى يوقۇتۇش گىردابىغا بېرىپ يەتكەن راي پاچاق، لەگپۇڭ خېمىرىدەك لەلەڭشىپ قالغان مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان، ساقلايدىغان ۋە ھەزىم قىلىدىغان ئاشقازان ۋە مېڭە ئاللىقاچان كاردىن چىققان ئىدى. نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە بىرەر قېتىممۇ مەدەنىيەت ئويغىتىش نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىگەن مىللەت بۈگۈنكىدەك زامانىۋى ي دۇنياغا نىسبەتەن نادان، بىغەملىك

كەسپى بىلەن قۇلىقىنى يوپۇرىۋېلىپ ب ىكىنمە سىياسىتىنى قوللانغانلىقى ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىق ئىدى . بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ق ىلىشىمىز كېرەك؟؟؟

## 2. روھىيەت ۋە ئاڭ

ئۇيغۇر مىللىتىنى روھىيەت جەھەتتىن تەكشۈرۈش قىلىدىغان بولساق، زامانغا تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقىدىغان، تىرىك ۋاقتىدا قەبرە ئۆچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئۆز رىسقىنى باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئىزدەيدىغان غىلجىڭ ئەرلەر بىلەن توشۇپ كەتتۇق.

ھوقۇق دەرىجىسىنىڭ ئاستىدىن يىگىلەپ تۈگۈ لۈپ قالغان ئۆششۈك غورىلارنى ئىزدەپ جان باقىدىغان، شۆھرەت ئىگىلىرىنىڭ يېنىدىن مەدەت تىلەيدىغان بازاردىكى چىۋىنلىرى ھالال داستىخاندىكى تائاملارنىمۇ بۇلغاپ تاشلىدى. بۇنداق روھ ۋە ئەخلاق بىزدە قانداق، قاچانلاردىن بۇيان شەكىللەندى؟ كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر؟

روھىيەت ئاجىزلىق بارلىق مۇنقەرىزلىكنىڭ ئاستىدا ، شۇڭا ئىنسان ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى بويۈك قۇرۇلۇشىنى خاراكتېر تەرىپىدىن باشلىشى كېرەك. بىر مىللەت ياكى دۆلەتمۇ ئۆز پۈقرالىرىنىڭ خاراكتېر مۇكەممەللىكى ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىك ئۈستىگە قۇرۇلسا ئۇنىڭ ھاياتى كۈچى تەڭداشسى ز بولىدۇ. ئەگەر ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش، ئىجاد قىلىش، تەۋەككۈر قىلىش جەھەتتىكى نورمال خاسلىقىنى ھالاك قى لىپ تاشلىغان پادىشاھ ئەقلىي نام راتلىق ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ. بىزدە شۇنداق غورۇر سەلتەنىتى بارمۇ؟

بىزنىڭ تارىخىمىزدىن بۇيان شۇنداق بولۇپ قېلى شىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب بىزدە دەل پەلسەپىدىكى ۋە تېخنىكىدىكى نامراتلىق ئىكەن . بىزدە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ » نىڭ تىكلىگەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، قانۇن ۋە ئەخلاق، ئۇچۇر ۋە رىقابەت دەۋرىدىكى ئىلىم- پەن توغرىسىدىكى ئىلمىي تىلسىمات ئەندىزىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى دە رۋىش كەمچىلىك شېئىرىيەت بىلەن بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا قەرت، مەرمەر، دۆمەك ئىگىلىگەن . ئاخىرقى شائىرىمىزنىڭ ساپاسىمۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادىمىزنىڭ قولىدىمۇ قەرت بىلەن مەرمەر ۋە بىلياردخانىدا ۋە تورخانىدا ئويۇن ئويناش بىلەن مانا بۈگۈنكى دەۋىردىكى لاي پاچاق مىللىتىمىزگە كەلگەنىدۇق.

بىر مىسكىننىڭ گۇمراھلىقتا پاتقان ئەدەبىيات- سەنئىتىنى مۇنبەتلىكتىن مەھرۇم بولغان مەدەنىيەتنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟ ھەر بىر شەخسنىڭ غ ورۇرىنى، ھەر بىر شەخسنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆرۈشكە ت ېگىشلىك بولغان قەدىر– قىممىتىنى دەخلىسىز مۇھىتقا باشلىساق مەدەنىيىتىمىز ئۆلۈك سۇدەك بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ئەلىشىر نەۋائى ... قاتارلىق شەخسلىرىمىز تارىختا ياشاپ ئۆتكەن . بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيادا ئويغىنىش دەۋرىدە ، جۈملىدىن «نەۋائى» دەۋرىدىن كېيىنكى ياۋروپادا پارتلىغان يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە قەدەممۇ-قەدەم چېكىنىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.[1]

گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۈزۈلۈش بولمىغان ، يەنىلا نۇرغۇن ئەس ەرلەر يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇللىرى، بەدىئىي ماھارىتى، تىل سېزىمى، ئىستېتىك قىممىتىنىڭ قىممىتى ئالدىنقى 9- ئەسىردە تىكلەپ بەرگەن ئىجادىيەت رامكىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى.

مۇشۇ ئۇزاق تارىخى جەريانلارنى ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تاۋلىنىشى ۋە يېشىشى قىلاپ ئىشلىنىش جەريانىدا، يەنە غەرب ئەللىرى يېڭى تاڭ نۇرىغا چ ۆمۈلگەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار دەۋىردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم بوستانلىقلىرى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالدى . يېپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىش ىدىن زاۋاللىقتا يۈز تۇتۇشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا ئالا قىسىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىش ىدەك، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ي رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى

كۆنسېرى كۆچۈپ پېسخېكا- ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە ئۇيغۇر ۋەجىدىدىن شۇ . بارىدۇ تەرەققىياتى ئارقىدا قالدى.

تارىخى كىتابلارنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ۋە ئۇيغۇر مىللىتى نىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، تارىختا «ئات ئۈستىدە جەڭگە ماھىر » دەپ تەرىپلەنگەنلىكى، شۇڭا باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنى «ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەت » دەپ ئاتىغان ئىكەن.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆچكە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ جۇملىدىن ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان تۆمۈرچىن قوشۇن تارتىپ تارىم دەريا ۋادىلىرى ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىگىچە قوشۇن تارتىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇل مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەنىكەن . شۇڭلاشقا تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مىللىتى ئىشلىتىپ كەلگەن يېزىق ۋە دىن قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، شامان دىنىدىن قالغان بىر قىسىم گەپلەر بار . ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسە «يامان» بولىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلاردىكى ئاق شاپاق دوپپىغا چېكىلگەن قۇياش رەسىمى، گۈل-گىياھ نەقىشلەر شاماندىنىدىن قالغان . تاكى بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## 3. مائارىپ ھەققىدە

يېقىنقى يىللارغا نەزەر سالساق بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر مائارىپ مەدەنىيىتى بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ، خارلىقنى، ئادالەتنى، ئەركىنلىكنى، ھۆرلۈك ۋە ئىنسانىي قەدىر- قىممەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ، نامراتلاشقان خەلقنى پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن . سەزگۈر، ئويغاق، مىللىي روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تاشقا ئاش تېرىپ، تاشتىن ئاش ئېلىپ، تاشقا دەسسەپ مەزمۇت قەدەم بىلەن جاھان چۆرۈپ، يۇرتتا نۇرغۇنلىغان ساخاۋەتچى، مەرت ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بۇ زىمىندا مەممەت سىدىق مەشھىدى، ھېكىم بەگ، مەمتىلى تەۋپىق) مەمتىلى توختاجى (ئاكا-ئۇكا مۇساباييوف، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەرقى، سەلەي دامولاجى، ئابدۇراخمان شائىرى، قاسىمجان قەمبىرى، ئىمام تۇردى، مۇھەممەد ناسىر، ھاجى راخمان... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، شائىرلار، ئەدىپلەر، ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر چىققان.[2]

دەۋىرنىڭ توختىماي ئىلگىرىلىشى، بۇ تاشلىق زىمىندا ياشاۋاتقان خەلقلەر، قىران، چاقماق دەريا بويلىرىدا ياشىغان چاقماقتەك قىران يىگىتلەرگە مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ زىمىندا شۇنداق بىر ئاۋات يېزىدا گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ياقا يۇرتتىكى جايلارنى كېزىش، تىجارەت قىلىش ئىستىكى بىلەن ياۋروپادىكى گېرمانىيە، تۈركىيە... قاتارلىق يۇرتلارغا قەدەم باسقان ئاكا–ئۇكا مۇسابايلار ئىدى.

ئۇلار شۇنداق بىر زاماندا ياۋروپا تەرەپتە تىجارەت قىلىۋېتىپ، ياۋروپادىكى بىر ئەلدە بالىلارنىڭ سىنىپ ئىچىدە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ–دە، ئۇلارغا قىزىقىپ قالىدۇ، ئۆز يۇرتىدىكى ياش بالىلارنىڭ دەردىنى ئويلاپ، يۇرتقا قايتىپ دەرھال مەكتەپ ئېچىشنى باشلايدۇ، دائىم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر ناخشا جاراڭلايدۇ:


ئاتۇشنىڭ يولى تاشلىق،
تاشلىقتا بولۇر ئاشلىق.
ئېرىقتىكى لاي سۇدەك،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ياشلىق.

شۇنداق قىلىپ مانا بۇ زېمىنغا تۇنجى «ئۇيغۇر مائارىپى » دىن مەكتەپ سېلىنىپ، تۇنجى قېتىم شىنجاڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە غۇلغۇلا بولدى. مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان دەرسلىك لەر جۇغراپىيە، تارىخ، ماتېماتىكا، تەبابەت، ئاسترونومىيە، تۈرك تىلى، ئەرەپ تىلى ... قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ جايغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيتتى ، مەكتەپتە مۇنچا بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇش، يېمەك–ئىچمەك، كىيىم–كېچەك، كىتاب-ماتېرىياللىرى مەكتەپنىڭ تەمىناتىدىن ئىدى . شۇ مەكتەپتە

ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق ئوقۇپ تۈركىيەگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلەتتى.[3]

دېمەك، 1880- يىللىرىدىكى شىنجاڭدىكى تۇنجى «ئۇيغۇر مائارىپ» مەشئىلى يەنە ئىككى ئاقساقتا ئۇچبۇلۇڭ شەكلىدە تارقاشقا باشلىدى. بۇ مەشئەل بىردىم غۇۋا، بىردەم كۈچلۈك يېنىپ، مائارىپ قوينىغا بىر ھەسسە تۆھپە قوشتى.

«تەۋپىق» - بۇ زات ئاتۇش تەۋەسىدە 24 كەنتتە 24 مەكتەپ ئېچىپ ، ئۆز باشلامچىلىقىدا «ئاتىلار ھەيئىتى»، «ئانىلار ھەيئىتى»، «ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى»... قاتارلىق بىر قانچە تەشكىلاتنى تەشكىللەپ ، ئۆزى دەرس بېرىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆزلۈك قىلىۋاتقان «ئىككى ئاقساق» مەرىپەت مەشئىلىگە يەنە بىر قېتىم ئوت ياقتى. بۇ ئوت شۇنداق تۇتاشتىكى، تۇتاشقان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تېز تۇتاشتى ۋە شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ– پۇچقاقلىرىغا ناھايىتى تېز تارقىدى، ئۇلغايدى، ھەممە جايدا مەرىپەت ناخشىسى ياڭرىدى:




بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم–ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

...

شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ جاي «مائارىپ بۆشۈكى»، «مەدەنىيەت بۆشۈكى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ ئەۋەتىپ، شۇ جايلاردا دەرس بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەكتەپ ئېچىپ ئۇيغۇر مائارىپىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

## 4. سەنئەت ھەققىدە

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق سەنئەت مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى. «ئون ئىككى مۇقام » خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئەسىرلەر مابەينىدىكى سەنئەت مەدەنىيەت تارىخىي، بەدىئىي دىن، تەپەككۇرلۇقى، ئىلمىي ۋە مۇزىكا تۈيغۇسى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىدىغان مۇزىكا قامۇسىدۇر . شۇنداقلا ئۇ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ بىردەملىك قىزىقىشى بولماستىن، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسۇل، كۈي جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى.

قىزىل مىڭ ئۆي خاتىرىلىرىگە نەزەر سالسىڭىز، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەنئەت مەدەنىيەت تارىخى بۇرۇنلا شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە شۇ دەۋردىمۇ سازچى، ئۇسۇلچى، مۇقامچى... قاتارلىقلارنى تام سۈرەت قىلىپ سىزىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ . بولۇپمۇ «ئاتۇش باراۋەت مەشرىپى »، «دولان مەشرىپى»... قاتارلىق يەرلىك مەشرەپلەر دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

«دولان مەشرىپى » بولسا ئەل نەغمە قىس مىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇ ئاساسلىقى يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . «باراۋەت مەشرىپى » بولسا ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغان كاتتا پائالىيەت، ئۇ - ئىجابچان، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەل- ئارا مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە . بۇ مەشرەپ بۈگۈنكى كۈندە پەقەت شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئاتۇش رايونىدىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «باراۋەت مەشرىپى» كىشىلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىنى، سېخىيلىقىنى، مەرتلىكىنى، ساخاۋەتچىلىكىنى، ئىلىمگە تەشنالىقىنى، ئاۋام ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان، مەرىپەت مەيدانىدا سىنايدىغان كاتتا سورۇندۇر.

«باراۋەت» بىز ھازىر دەپ كېلىۋاتقان كىم ئارتۇق سودىسىنىڭ ئەڭ قەدىمقى شەكلى بولۇپ، قوينىڭ تۆش، بويۇن، بۆرەك، ياغ، تېرە قاتارلىق مۇھىم ئەزالىرى كىم ئارتۇق سودىسى سورۇنىغا قويۇلىدۇ.[4] شۇڭا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر سەنئەت مەدەنىيىتى ئۇزاق بىر تارىخى جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىنىڭ

ناھايىتى ئۇزاق تارىختىن باشلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى، چوڭ-كىچىك يېغىلىقلار، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قەدىم قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى، قۇملۇقلارنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى يىراقلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىشى، چوڭ-كىچىك كەلكۈن ئاپەتلىرى، يەر تەۋرەش قاتارلىق خىلمۇ-خىل تارىخى ھادىسىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى تەسىرىدە مىللىتىمىزنىڭ سەنئىتى بەزىدە روناق تاپتى، بەزىدە ئاجىزلاپ كەتتى . بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى ئېزىشى، خەلق تۇرمۇشىنى، ئەدەبىيات- سەنئەتنى ۋەيران قىلىشى، مۇستەبىت دىنىي كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ھەم قاتمۇ-قات مىللىي زۇلۇملار تۈپەيلىدىن مىللىتىمىزنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» ى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ئابدۇرىشىتخان، ئامانىساخان... قاتارلىق كىشىلەر مۇقامنى رەتلىگەن . كېيىن يەنە شۇنداق تالاي ۋوقۇتۇشلار تۈپەيلىدىن يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ يەنە شۇنداق بولغان. بىراق، «ئون ئىككى مۇقام» نى تۇداخۇن ئىسىملىك بىر زات پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ ، ھاياتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قايتا ئىشلىتىشكە تۇتۇشتۇرغان ئىدى ۋە پارلاق نۇر چاچماقتا.

## 5. مۇراجەت ۋە ياتلىشىش

ئۆزىمىزنىڭ مىللىي سەنئىتىنى تونۇماي مودا قوغلاشتۇق ! مىللىي سەنئىتىمىزدىكى «ساما» نىڭ ئورنىنى تانسا، ۋالىس، دېسكو... قاتارلىقلار ئىگىلىدى. تورلىشىش مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇق، ئىشىك ئالدىمىزدىكى خوشنىمىزنى تونۇمىدۇق، توردىن دوست ئىزدىدۇق،[5] ئۆز سەنىمىمىزگە ئۆزىمىز دەسسەپ يۈردۇق، ھاراق–تاماكىلاشتۇق، ئۆزىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان مىراسىنى «بوتۇلكىنىڭ قىممىتى» ئارقىلىق ئۆلچەشكە باشلىدۇق. يېزا-قىشلاقلاردا بەلنى تۇتۇپ چېلىشىدىغان ئەركە كلەر، بىر-بىرىنى يىقىتالمايدىغان ئەركەكلەر ئەمدىلىكتە «بوتۇلكا» ۋە «قاپاق» ئارقىلىق سىنايدىغان بولدى . بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئەخلاق نەدىن كەلگەن؟

ئاخىرىدا مەن ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى ، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلدۇق دەپ ناچار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلمايلى ، ئۆزىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىنى چۈشىنەيلى، تەرەققىي قىلدۇرايلى، قوغدايلى. تور تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزگۈچ يۇمشاق دېتالى «ئەلكاتىپ 5.5»، «ئەلكاتىپ 5.0»، «ئەلكاتىپ 1.1»، «ئەلپىدا»، «خۇش قەلەم»، «خىيال 2.0»، «خىيال 1.0»، «ئۇيغۇرسوفت»... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتاللىرى بار ئىكەن . ئەمما بىرمۇ يۇمشاق دېتالنى تورغا چىقىپ ئىزدىسەك ، مەسىلەن، QQ پاراڭلىشىشى، www.baidu.com توردىن ماتېرىيال ئىزدەش ۋە ياكى بىرەر پارچە ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىش جەريانىدا ئىشلەتمەكچى بولغان ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزگۈچ يۇمشاق دېتالىنى بارماق دېسكىغا قاچىلاپ ئېلىپ ئاندىن شۇ يېزىق بولغان ماتېرىيالىمىزنى ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزگۈچ يۇمشاق دېتالىنى يەنە باشقا كومپيۇتېرغا قاچىلاپ باستۇرۇپ چىقىرىدىكەنمىز. بىز ئىشلىتىۋاتقان «ئەلكاتىپ 5.5»، «ئەلكاتىپ 5.0»، «ئەلكاتىپ 1.1»، «ئەلپىدا»، «خۇشقەلەم»، «خىيال 2.0»، «خىيال 1.0»، «ئۇيغۇرسوفت»... قاتارلىقلارنىڭ بىرىدە، مەسىلەن، «ئەلكاتىپ 5.5» تە يېزىلغان بىر پارچە ماقالىنى «ئەلكاتىپ 5.0» نىڭ شەكلى تونۇماسلىق ۋە «ئەلكاتىپ 5.5»، «ئەلكاتىپ 5.0»، «ئەلپىدا» نىڭ بىر– بىرى بىلەن «ئەلكاتىپ 1.1» بىلەن چىقىشالماسلىقىدەك (يەنى يېزىلغان خەت شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش قاتارلىقلار) ئاقىۋەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ . شۇڭا دېمەكچىمەنكى، كومپيۇتېر ساھەسىدە ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتالى «ئەلكاتىپ 5.5»، «ئەلكاتىپ 5.0»، «ئەلكاتىپ 1.1»، «ئەلپىدا»، «خۇشقەلەم»، «خىيال 2.0»، «خىيال 1.0»، «ئۇيغۇرسوفت»... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ مەخسۇس بىر ئۆلچەملىك، يۈرۈشلەشكەن، باشقا كومپيۇتېرغىمۇ ئېلىپ بارمىغىدەك، خەلقئارادا، مەسىلەن بىر كومپيۇتېرنى ئاچساقلا QQ پاراڭلىشىشى، www.baidu.com توردىن ياكى ئېلىپفوندىكى «يېزىق تۈرى » دېگەن يېرىدىن تاللاپلا قويساق بىر مۇكەممەل

ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزگۈچنى ياساپ لاھىيىلەپ چىقساق، كېيىن مەتبۇئاتلاردا ياكى QQ پاراڭلىشىشى، www.baidu.com تورىدا، كلىخەت ئىشلىتىش جەھەتتە مۇكەممەل بولغان بىر كومپيۇتېر ساھەسىدە پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ئۇيغۇر يېزىقى خەلقئارالىق كومپيۇتېر ساھەسىدە ئىشلىتىلىپتۇ دېگۈدەك ئورۇنغا ئىگە بولسا دېمەكچىمەن.

ئەمما، بۇ ئۇيغۇر يۇمشاق دېتال ياساش شىركەتلىرى پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا بىزنىڭ ئۈچۈن، رىقابەت دەۋرىدىكى كۈنىمىزدە يۇمشاق دېتال توشۇيدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالماقتىمىز . شۇڭا بۇنى چۆرۈپ تاشلاپ ، مىللەتنىڭ كېيىنكى كومپيۇتېر ساھەسىدىكى ئورنىنى تىكلىسە، ئويلىسا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغكە ئېرىشىدۇ ئەلۋەتتە.

**پايدىلانمىلار:**


[1]، [5] شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژورنىلىنىڭ 1999- يىللىق 4- سانىدىن ئېلىندى.

[2] شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ئاتۇش سەيلىسى» ناملىق تىياتىردىكى ئۇستاز رولىدا چىققان رەجەپ تاجى سۆزىدىن ئېلىندى.

[3] ئۇيغۇر مائارىپىدىكى ئوچېركلاردىن ئېلىندى.

[4] ھاجى مۇختار بۇغرا . ئاتۇش «باراۋەت مەشرىپى»، جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى كىتابىنىڭ 171- بېتىدىن ئېلىندى.


ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم، ياخشىمۇ سىلەر؟ مەن بۇ ماقالىنى 2007- يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ يازغانىدىم . كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئوقۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بۇ ماقالىنى نەشرىياتقا سۇنالمىدىم . شۇڭا مەن بۇ ماقالىنى دەسلەپكى ئورگىنالدىن بىر ئاز ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى تەييارلىدىم ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىگە تەقدىم قىلدىم ! بۇ ماقالىنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىشى ماڭا نامەلۇم. شۇڭا مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈم باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پەن-مەدەنىيەتكە بولغان پىسخىكىسى توغرىسىدا بىر ئاز ئويلىنىپ قويۇش بىلەن بىرگە بۇ ماقالىنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى تورغا چىقىرىپ قويۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

- بۇغراخان.